# ئانارگۈلى ئۆزگىچە قىزىل ئېچىلدى

## ـــ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيەسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دەرىخى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، تازا باراقسانلاپ، مول نەتىجە بەردى.

**ھەممە يەردە مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى**

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمگۇ رايونى ۋوخۇا ئولتۇراق رايونى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ھويلىسىغا كىرگەندە، 40 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە جىگدە دەرىخى مۇخبىرنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە چېلىقتى. ئاھالىلەر ئۇنى «قەلبداشلار دەرىخى» دەپ ئاتىشىدۇ. دەرەخ غولى ئۆزئارا گىرەلىشىپ بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق كۆپ مىللەت ئاھالىسى ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تايىنىپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەنگە ئوخشاش.

«شىنجاڭنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىللە ئۆگىنىپ، بىللە خىزمەت قىلغان مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشىكلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، قوشنا بولۇپ ئۆتىدۇ، ھەممە يەردە، ھەر ۋاقىت مىللەتلەر ئىتتىپاق» دېدى چوڭ ھويلىدىكى 66 ياشلىق ئاھالە نۇسرەت ئابدۇل سەممىيلىك بىلەن.

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، پامىر ئېگىزلىكىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە، ئالتاي تېغىدىن تارىم دەرياسى ۋادىسىغىچە ھەر مىللەت ئاممىسى بىللە خۇشال ياشايدىغان مەنزىرىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھاۋا بىلەن قۇياش نۇرىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، مەنپەئەتلەنگىنىمىزنى تۇيمايلا قالىمىز، ئايرىلىپ قالساق ياشىيالمايمىز. باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇنداق تەكىتلىدى: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى» «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات ـ ئىلگىرىلەشنىڭ ئۇل تېشى».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئۇل خاراكتېرلىك ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنچىللاشتۇرۇشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، ھەرقايسى تارماقلار ھەمكارلىشىپ ماسلىشىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەت كەڭ قاتنىشىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ ئورگانلارغا كىرىشى، كارخانىلارغا كىرىشى، يېزا ـ كەنتلەرگە كىرىشى، مەھەللىلەرگە كىرىشى، مەكتەپلەرگە كىرىشى، گازارمىلارغا كىرىشى، تۈەن ـ مەيدان، لىيەندۈيلەرگە كىرىشى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا كىرىشى، مەنزىرە رايونلىرىغا كىرىشى، كۆزنەك ئورۇنلارغا كىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ھەممە كىشى ئىتتىپاقلىقنى سۆيىدىغان، ھەممە ئىشتا ئىتتىپاقلىقنى سۆزلەيدىغان، ھەممە يەردە ئىتتىپاقلىق نامايان بولىدىغان قويۇق كەيپىيات شەكىللەندۈردى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىنغان ئۈلگىلىك ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر)تىن توققۇزى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىنغان ئۈلگىلىك ئورۇندىن 59ى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى تەربىيە بازىسىدىن 14ى بارلىققا كەلدى، 1338 (قېتىم) ئورۇن، 2315 ئادەم (قېتىم) ئايرىم ـ ئايرىم دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن، نەمۇنىلىك شەخس شەرىپىگە ئېرىشتى.

**ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشنىڭ بىرىكمە كۈچى مۇجەسسەملەندى**

6 ـ ئايدا ئاقتۇ ناھىيەسىدە، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى تارقىلىدۇ، گۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئورگىنىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يەنە بىر قېتىم پىلال يېزىسىغا كېلىپ تۇغقانلىرى بىلەن قايتا جەم بولدى. تۇغقانلىرىغا سىياسەت سۆزلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشلىرى بۇ يەردە ئاستا ـ ئاستا قانات يايدۇرۇلدى.

تۇغقىنى ئەركىن سەمەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا، قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان كادىر مىڭ شىنخۇا قۇياش ئېنېرگىيەلىك يورۇتكۇچلۇق بولىدىغان LED چىرىغىدىن ئىككىنى سوۋغا قىلىپ، ئەركىننىڭ قىزىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى، «بۇ چىراغلارنىڭ بالىنىڭ ئىستىقبالىنى يورۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى مىڭ شىنخۇا كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەركىن ئاساسلىقى باقمىچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ، خوتۇنى كەنت ئاھالە كومىتېتى ئاشخانىسىدا ئاشپەز، بالىلىرى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئانچە باياشات ئەمەس. تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، مىڭ شىنخۇا ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ پەسىللىك قوشۇمچە خىزمەت ئۇقۇشۇپ بەردى.

«پارتىيە بۇنداق ياخشى تۇغقاننى يېنىمىزغا يەتكۈزۈپ بەردى، قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىمىزغا چىن كۆڭلىدىن ياردەم بەردى، بىز تېخىمۇ تىرىشىپ، كۈنلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزىمىز» دېدى ئەركىن.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا ھەر مىللەت كادىرلار، ئاامما بىر ـ بىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىدىغان، ئۆزئارا ئىناق ئۆتىدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى يارقىن مەنزىرىگە ئايلاندى.

ئاپتونوم رايون مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەڭ چوڭ ئاامما خىزمىتى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ھەربىر كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى بار بولدى، ھەتتا شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭمۇ شىنجاڭلىق تۇغقىنى بار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قەرەللىك قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەت، ئۆگىنىش داۋامىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىليونلىغان كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت ئاامما بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئاممىنىڭ ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان، ئەڭ تەخىرسىز، ھازىر بېجىرگىلى بولىدىغان ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلققە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقى، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتەك ئېسىل ئىستىلى ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، تېخىمۇ كەسكىن ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، «جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش»تەك قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنى شەكىللەندۈردى.

بۇ يىل 5 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تۇغقانلاشقان ھەر دەرىجىلىك كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى جەمئىي 145 مىليون قېتىمدىن ئارتۇق ئائىلە زىيارىتى قىلدى، 1 مىليارد 33 مىليون يۈەنگە يېقىن پۇل ئىئانە قىلدى، 53 مىليون 740 مىڭدىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى، 20 مىليون 300 مىڭدىن ئارتۇق ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.

**مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرى مول بولدى**

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئاساسىي كۈچەيتىش قۇرۇلۇشى، جان تومۇر قۇرۇلۇشى قىلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئالغا سىلجىتتى.

1983 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون ھەر يىلى 5 ـ ئاينى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەربىيەسى ئېيى قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەربىيەسى پائالىيىتىنى مەركەزلىك قانات يايدۇردى، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدى. 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامى» رەسمىي يولغا قويۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنچىللىق ئاساسى مۇستەھكەملەندى.

شىنجاڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ھوقۇق ـ مەنپەئەت ۋە مەجبۇرىيەتتىن بەھرىمەن بولۇشى ۋە ئادا قىلىشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدى، بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى ۋە ئاممىۋى ئىشلىرىغا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنىڭ ھەممىسىنى ئىزچىل ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈستىگە ئالدى؛ ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئوبلاست باشلىقلىقى، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىقىنىڭ ھەممىسىنى رايون ئاپتونومىيەسى يولغا قويۇلغان مىللەتتىن بولغان پۇقرا ئۈستىگە ئالدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەپ ئىشلىتىشنى پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى.

ئاپتونوم رايون چوڭ جەھەتتىن كۆزلەپ، كىچىك جەھەتتىن قول سېلىپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا قوش تىل ئوقۇتۇشنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى تۇتاش، قەلبى تۇتاش بولۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى. گىرەلەشمە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەھەللە مۇھىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاامما ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان جانلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلققە پايدىلىق، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان ياخشى ئىشلارنى سىجىل ياخشى قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەرلىككە نەپ يەتكۈزۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەققىي ھېس قىلدۇردى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ بىر قاتار جانلىق ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى كۆزلەش ئارزۇسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ ئۇرغۇتۇلۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشخانا تېمىغا بىر ئۈندىدار ئىككىلىك كودى چاپلانغانىدى. «كودنى سكانېرلاپ تاماق بۇيرۇتۇش سۈپىسىدىكى ئاممىۋى نومۇرنى قوشۇۋېلىڭ، بىزنىڭ 90 مىڭدىن ئارتۇق فېنسىمىز بار، ناھىيە بازىرىدىكى 200دىن كۆپرەك يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنىنىڭ يېرىمىغا يېقىنى سۈپىغا كىرىپ ماكانلاشتى» دېدى نۇرئەلى پەخىرلەنگەن ھالدا.

نۇرئەلى ئۆزىنىڭ پۇل تېپىش «يول»ىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. تور سۈپىسى قۇرۇپ، ھەمكارلىق ئوبيېكتىنى كەڭ كۆلەمدە ئىزدەپ، ئاشخانا، ئاشپۇزۇللار ئۈچۈن تاماق يەتكۈزۈپ بېرىپلا قالماي، يەنە سېتىش پائالىيىتىنىمۇ قوزغىدۇق. ھەربىر سېتىلغان تاماقنى يەتكۈزۈپ بەرگەندە، شىركەتكە 20% پايدىسى قالىدۇ. «تاماق بۇيرۇتۇش ئاشخانىنىڭ بوشلۇق چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئاشپۇزۇللار ئاز پايدا ئېلىپ كۆپ ساتىدۇ، شىركەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پۇل تاپىدۇ، تاماق يەتكۈزگۈچىلەر ھەر ئايدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 3500 يۈەن تاپالايدۇ» دېدى نۇرئەلى.

تاماق بۇيرۇتۇش سۈپىسىدا 18 تەقسىملەپ يەتكۈزگۈچى بار، كۆپىنچىسى يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار. شىركەت بىرتۇتاش خىزمەت كىيىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قاتتىق ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ، دېزىنفېكسىيە قىلىش، قول يۇيۇش قاتارلىق تەرتىپلەر كەم ئەمەس.

يېڭىشەھەر ناھىيەسىنى كىچىك ناھىيە بازىرى دەپ قارىماڭ، تۇرمۇش رىتىممۇ ناھايىتى تېز، شەھەر رايونىدىكى ئاھالىلەر بارغانسېرى تاماق بۇيرۇتۇشتىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. نۇرئەلىنىڭ ئېيتىشىچە، دەسلەپىدە پەقەت چۈشلىرى ۋە كەچلىرى ئالدىراش بولۇپ، ھازىر ئەتىگەنلىك تاماقتىنمۇ سودا بار ئىكەن.

ئىگىلىك تىكلەش باشلانغاندا، تاماق يەتكۈزگۈچىلەر ئاز بولغاچقا، نۇرئەلى ئۆزىمۇ تاماق يەتكۈزدى. «تۇنجى قېتىم ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئىشىكىنى چەككىنىمدە سەل خىجىل بولدۇم، يۈزۈممۇ قىزىرىپ كەتتى، بىراق بىرنەچچە قېتىمدىن كېيىن ئۇنچە خىجىل بولمايدىغان بولدۇم» دېدى ئۇ.

سۈپا يېڭى قۇرۇلغاندا تونۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن بولدى، نۇرئەلى ھەمراھلىرى بىلەن ئېلان باستۇرۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك دۇكانلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئېتىبار بېرىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاستا ـ ئاستا نام چىقاردى. يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان بىرقانچە تاماق بۇيرۇتۇش سۈپىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىركىتىنىڭ كەسىپ مىقدارى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ئوغلىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللاش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسى ئامانەت پۇللىرىنى چىقاردى**

«مەن كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئاندىن ‹توردىكى پۇل›نى تېپىشنى سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلدىم.» نۇرئەلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىلگىرى زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشقا ئىنتايىن قارشى تۇرغانلىقىنى بىلگەنلەر ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس ئىكەن.

«مەن يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى دېھقان، بۇرۇن قانۇن ئېڭىم سۇس ئىدى، ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىممۇ يوق ئىدى، كېيىن ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملاندىم.» نۇرئەلىنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغلاردا ئۇ ئەسەبىي ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن «كاللىسى يۇيۇۋېتىلگەن» بولۇپ، ناخشا ئېيتسا، ئۇسسۇل ئوينىسا، تېلېۋىزور كۆرسە «دوزاخقا كىرىدۇ» دەپ قارىغان، كېيىن ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىشقا باشلىغان، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى چەكلىگەن، يەنە بىر قىسىم ئەسەبىي ئىدىيەلەرنى سىڭدۈرگەن، مەسىلەن، ئائىلىسىدىكىلەرگە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تارماقلىرىنىڭ ۋاكسىنا ئەملىشىگە يول قويمىغان، چۈنكى «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دەپ قارىغان.

نۇرئەلى يەنە ھاممىسىنى نەۋرە ئىنىسىنى ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇرلىدى. «بىر قېتىم ئىنىمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ماڭا خىزمەت ئىشلىدى، بېشىم قېيىپ، مۇئەللىمنى تىللاپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتتىم.» نۇرئەلى ئۆتكەن كۈنلىرىنى تولىمۇ ئۆكۈنۈش ئىچىدە تىلغا ئالدى.

نۇرئەلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى گەرچە شۇنچىلىك جاھىل بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىگەن، ئۇنى يار لېۋىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلگەن. 2018 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھىتى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگىنىشكە قاتناشقان. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن تەربىيەلىشى ۋە غەمخورلۇقى، ياردىمىدە، نۇرئەلى بارا ـ بارا مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تاپقان. «ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ خەۋپىنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم، نەزەر دائىرەمنىڭ تارلىقى ۋە ئازابىمنىڭ ھەممىسى ئەسەبىي ئىدىيەدىن كەلگەن، ئەمدى يەنە داۋاملىق خاتالاشسام بولمايدۇ» دېدى ئۇ.

يېڭى كىشىلىك ھاياتنى باشلاش ئۈچۈن، نۇرئەلى تىرىشىپ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەندى، «قىزىق نۇقتا» ماھارەتلىرىنىمۇ ئۆگىنىشكە ئىنتىلىپ، ئۇ ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى كەسپىنى تاللىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىغا: چوقۇم ئۆگەنگەن بىلىملىرىم ۋە ماھارەتلىرىمنى ئىشلىتىپ، ياخشى ئىگىلىك تىكلەپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىمەن، دېدى.

«ئەگەر ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنمىغان بولسام، ئەسەبىي ئۇنسۇرلار ۋە تېررورچىلارنىڭ قولچوماقچىسىغا ئايلىنىپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى» دېدى نۇرئەلى. زامانىۋى مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇشتىن زامانىۋى تۇرمۇشقا سىڭىپ كىرىشكىچە، نۇرئەلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ ئۆزگىرىشى ئاتا ـ ئانىسىنى خاتىرجەملىك ھېس قىلدۇردى، 2019 ـ يىلى ئوغلى تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى ئامانەت قويۇپ قويغان پۇللىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللىدى.

**ماشىنىمۇ، ئۆيىمۇ ئېلىپ، نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى**

«نەۋرە ئىنىڭىزچۇ، ئەينى چاغدا ئوقۇشتىن توختاپ قالغانمۇ؟» دەپ سورىدى مۇخبىر. نۇرئەلىنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىمۇ ياخشى ھاممىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان، نەۋرە ئىنىسى ھازىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىغا چىقىپتۇ، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار كىچىكىدىنلا بىللە ئوينىغاچقا، ھېسسىياتى چوڭقۇر ئىكەن. نۇرئەلى ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، ھاممىسى بىر مەھەل نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىنى توسقان، ھازىر ئۇ نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلىنىپتۇ.

نۇرئەلى 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ نىمكەش ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالدى، يەنە ئاتا ـ ئانىسىغا ناھىيە بازىرىدىن 90 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق ئۆينى رەنلىك قەرزگە ئېلىپ بەردى، ھازىر ئۆينى بېزىتىۋاتىدۇ. «ئۆينى ئاتا ـ ئانام ئۆزى تاللىغان، ئۇلار ياقتۇرغاندىن كېيىن مەن رەسمىيەت بېجىردىم. ئالدىن 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تۆلىدىم، 180 مىڭ يۈەن قەرز ئالدىم، بەش يىلدا قايتۇرۇپ بولىمەن، ماڭا نىسبەتەن چاتاق يوق» دېدى نۇرئەلى خۇشال ھالدا.

تىرىشىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن، نۇرئەلى ھەرخىل سودا پۇرسىتىنى ئىزدىدى. ئۇ چىراي تونۇتۇپ پۇل تۆلەشنىڭ چوڭ شەھەرلەردە ئەۋج ئالغانلىقىنى بىلىپ، تېڭشۈن شىركىتىگە قاراشلىق شىركەت بىلەن ئالاقىلەشكەندىن كېيىن، ئۇ سىناپ بېقىشنى قارار قىلىپ، ئون تېرمىنال سېتىۋېلىپ، ئاشپۇزۇل، دۇكانلارغا ئورنىتىپ كېڭەيتتى. «ناھايىتى ئاددىي، تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەندە بانكا كارتىسى، يان تېلېفون نومۇرىنى باغلىسىلا، ئىككىنچى قېتىمدىلا چىراي تونۇتۇپ پۇل تۆلىگىلى بولىدۇ» دېدى ئۇ.

مۇخبىر كوچا بويلاپ سودىگەرلەرنى زىيارەت قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نۇرئەلىنىڭ ھەمكارلىق ھەمراھلىرى. بىر كاۋاپ ـ لەغمەن ئاشخانىسىدا، ئاشخانا ئىگىسى لىياۋ شياڭپىڭ مۇنداق دېدى: ھەمكارلىق قوش پايدا ئېلىپ كەلدى، گەرچە تاماق بۇيرۇتۇش سۈپىسىغا پىرسەنت ئايرىپ بېرىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشخانىدا نەچچىلا جوزا بولۇپ، تاماق يېيىش يۇقىرى پەللىسىنىڭ ۋاقتى چەكلىك بولغاچقا، تىجارەت كۆلىمىنى كېڭەيتىش تەس ئىدى، تاماق بۇيرۇتۇش بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى.

بىر پولۇخانىدا، مۇخبىر چىراي تونۇتۇپ پۇل تۆلەش تېرمىنالىنى كۆردى. كېرەم ئىكرام تۇنجى نۇرئەلى قايىل قىلىپ ئورناتقان دۇكان ئىگىسى ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ياشلار چىراي تونۇتۇپ پۇل تۆلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، دۇكان سودىسى ياخشى، بېسىق مەزگىلدە يېتىشەلمىگەندە، پۇل يىغىش ھالقىسى قانچە ئاددىي بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئۇنۇمى يۇقىرى بولۇپ، يەنە ئاسان خاتالىق كۆرۈلمەيدۇ.

نۇرئەلىنىڭ ئېيتىشىچە، سودىگەرلەر تېرمىنالدا پۇل يىغىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا پىرسەنت ئايرىپ بېرىدىكەن، ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئۇ 1300 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تېپىپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تېرمىنالنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىدىكەن. «ھازىر پۇل تېپىش پۇرسىتى ناھايىتى كۆپ، ئويلاشقا، سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلساقلا، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ» دېدى ئۇ.